# دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ ئامىللىرى

من عوامل الثبات على الدين

< uyghur - ئۇيغۇرچە - الأويغورية <

## ئىسلام سوئال جاۋاپ تورى ئىلمى خىزمەت گۇرۇپپىسى

القسم العلمي بموقع الإسلام سؤال وجواب

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة**: سيف الدين أبو عبد العزيز
**مراجعة**: نظام الدين تمكيني

147626 ـ نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئىنساننى دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشقا ئىلىپ بارىدىغان ئاساسلىق ئامىللار نىمىلەردىن ئىبارەت؟. مەن كۆپلىگەن پىتنە، شەھۋەت ۋە شۈبھاتلارنىڭ ئارىسىدا ياشايمەن، يولدا كىتىۋاتقاندا، ئۆيگە كەلگەندە ناخشا ئاڭلاپ تۇرىمەن، ھەتتا ئۆيىمىزگە كوچىلاردىن ناخشا ئاۋازى كىرىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن پىتنىلەر بولىدۇ. ئۇستازلاردىن مىنىڭ توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرىشىم ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇشىنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

پىتنىگە تولغان زاماندا دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشقا ياردەم بىرىدىغان ۋاستىلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى: ئىمان ۋە ئىشەنچىنى زىيادە قىلىدىغان ۋاستىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئىنساننى تائەت-ئىبادەت، ياخشى ئەمەللەرگە قىزىقتۇرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىنسان ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تىتىيدۇ.

-ئاللاھ تائالادىن توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلىشنى تەلەپ قىلىش: مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ھەر بىر نامىزىدا «ئى ئاللاھ! مىنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلغىن» دىگەن دۇئانى تەكرارلاپ تۇرۇشى كىرەك.

ئىمام تەبرانىي ئۆزىنىڭ "ئەل كەبىر" ناملىق ئەسرىدە (7135) شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئەي شەدداد ئىبنى ئەۋس! ئىنسانلارنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى خەزىنە قىلىپ توپلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىڭدا، سەن بۇ سۆزلەرنى خەزىنە قىلىپ ساقلىۋالغىن: ئى ئاللاھ! مەن سىلىدىن دىندا مۇستەھكەملىكنى،

توغرا يولدا كەسكىن بولۇشنى سورايمەن، سىلىدىن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان رەھمەتلىرى ۋە چەكسىز مەغپىرەتلىرىنى سورايمەن...» [بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ "سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا" ناملىق ئەسىرى 3228- ھەدىستە سەھىھ دەپ كەلتۈرگەن].

-ئاللاھنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرۇش: دىندىكى بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرگە سەل قارىماسلىق ياكى چەكتىن ئاشۇرىۋەتمەسلىك كېرەك. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «وَأَنَّ هَذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ وَلَا تَتَّبِعُوا السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَنْ سَبِيلِهِ ذَلِكُمْ وَصَّاكُمْ بِهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ» تەرجىمىسى: «بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ.» [سۈرە ئەنئام 153-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُثَبِّتُ اللَّـهُ الَّذِينَ آمَنُوا بِالْقَوْلِ الثَّابِتِ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الْآخِرَةِ وَيُضِلُّ اللَّـهُ الظَّالِمِينَ وَيَفْعَلُ اللَّـهُ مَا يَشَاءُ﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھ مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. ئاللاھ زالىملارنى گۇمراھ قىلىدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ.» [سۈرە ئىبراھىم 27-ئايەت].

يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ تەپسىرىدە قەتادە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھ تائالا مۆمىنلارنى دۇنيا ھاياتىدا ياخشى ئىش ۋە سالىھ ئەمەللەر ئۈستىدە سابىت قەدەم قىلسا، ئاخىرەتتە ۋە قەبرىدە سوئال-سوراقتا مۇستەھكەم قىلىدۇ". ["تەپسىر ئىبنى كەسىر" 4-توم 502-بەت].

-سۈننەتتە چىڭ تۇرۇش: ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ سۈننىتىمگە، مەندىن كېيىنكى توغرا يول تۇتقۇچى ئىرباسار خەلىپىلەرنىڭ سۈننەتلىرىگە مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار، پۇتۇن كۈچۈڭلار بىلەن ئەمەل قىلىڭلار، دىندا يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار، دىندا يېڭىدىن پەيدا بولغان ھەرقانداق ئىش بىدئەتتۇر، بىدئەتنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇقتۇر.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان4607- ھەدىس. شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا سەھىھ دەپ كەلتۈرگەن].

-ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد قىلىش: ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «شەيتان ئادەم ئەۋلادلىرىنىڭ قەلبىگە ئورناشقۇچىدۇر، ئەگەر سەھۋەنلىك قىلسا ۋە غاپىل بولسا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئاللاھ تائالانى ياد ئەتسە قاچىدۇ.» ["تەپسىرى تەبەرى"24 -توم 709-710-بەتكە مۇراجىئەت قىلىنسۇن].

ئىككىنچى: ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا سەۋر قىلىش: ئەبى سەئلەبە ئەلخەشەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن كېيىنكى زاماندا سەۋر قىلىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ، ئۇ كۈنلەردە سەۋر قىلىش ئالقىنىدا چوغنى تۇتقانغا ئوخشاش، ئۇلاردىن دىنغا تولۇق ئەمەل قىلغانلارغا ئاشۇ كىشىگە ئوخشاش ئەمەل قىلغانلاردىن ئەللىك كىشىنىڭ ئەجىر-ساۋابى بېرىلىدۇ، ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاشۇلاردىن بولغان ئەللىك كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىنىڭ ئەجىر-ساۋابى بېرىلەمدۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: سىلەردىن ئەللىك كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىنىڭ ئەجىر-ساۋابى بېرىلىدۇ، دېدى.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 4341-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

-ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ ئاشكارا-يوشۇرۇن پىتنىلەردىن پاناھلىق تىلەش: زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، بىر كۈنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا: «ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ ئاشكارا-يوشۇرۇن پىتنىلەردىن پاناھلىق تىلەڭلار، دېۋىدى، ساھابىلار: ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ ئاشكارا-يوشۇرۇن پىتنىلەردىن پاناھلىق تىلەيمىز، دېدى.» [مۇسلىم رىۋايىتى2867-ھەدىس].

-ئاللاھ تائالانىڭ بەندىنى كۆزىتىشى ۋە ھىمايە قىلىشى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەن ئاللاھ تائالانى ياد قىلساڭ (يەنى دىنىنى ساقلىساڭ) ئاللاھ تائالا سېنى ساقلايدۇ، سەن ئاللاھ تائالانى ياد قىلساڭ (دىنىنى ساقلىساڭ) ئاللاھنى قارشىڭدا تاپىسەن.» [تىرمىزى رىۋايىتى 2516-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "(سەن ئاللاھ تائالانى ياد قىلساڭ) دېگەن جۈملە ئىنسان ھەر قاچان ئاللاھنىڭ دىنىنى مۇھاپىزەت قىلىدىكەن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى نېمىدە ساقلايدۇ؟ ئۇ كىشىنى بەدىنى، مال-مۈلكى، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى

ۋە دىندا ساقلايدۇ، بۇ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسىلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى ھەق يولدىن ئېزىپ كېتىش ۋە تېيىلىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ، چۈنكى ئىنسان ھەر قاچان توغرا يول تاپسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى توغرا يول ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ اهْتَدَوْا زَادَهُمْ هُدًى وَآتَاهُمْ تَقْوَاهُمْ﴾ تەرجىمىسى: «ھىدايەت تاپقانلارنى ئاللاھ تېخىمۇ ھىدايەت قىلىدۇ، ئۇلارغا تەقۋادارلىقىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ.» [سۈرە مۇھەممەد 17-ئايەت] شۇنداقلا، ئىنسان ھەر قاچان ھەق يولدىن ئېزىپ كەتسە، (بۇنىڭدىن ئاللاھ ساقلىسۇن) ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئازغۇنلۇقنى زىيادە قىلىدۇ." ["شەرھى رىيازۇسسالىھىين" ناملىق ئەسەر70-بەت].

-مۆمىنلەردىن بولغان ياخشى كىشىلەر بىلەن ھەم سۆھبەتتە بولۇش، پىتنىگە باشلايدىغان ناچار كىشىلەردىن يىراق بولۇش كېرەك.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۆمىن مۆمىننىڭ ئەينىكى، مۆمىن مۆمىننىڭ قېرىندىشى، ئۇنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىنى خالىمايدۇ ۋە ھەر تەرەپتىن ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 4918-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ ھەسەن دەپ ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسان ئۆزى ئارىلاشقان كىشىنىڭ دىنىدا بولىدۇ، كىم بىلەن ئارىلاشقانلىقىڭلارغا قاراپ بېقىڭلار.» [ئەبۇ داۋۇد 4833-ھەدىس. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ ھەسەن دەپ ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ ئامىللىرىدىن ئەڭ مەنپەئەتلىك بولغىنى: ئۆزىنى پىتنىگە تاشلىماسلىق، پىتنىدىن ساقلىنىشقا، ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن يىراق بولۇشقا تىرىشىش لازىم. قەلب ساپ بولغاندا ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغىلى بولىدۇ. دەججال توغرىسىدا بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دەججالنىڭ ئاشكارا بولغانلىقىنى ئاڭلىغان كىشى ئۇنىڭدىن يىراق تۇرسۇن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۆزىنى مۆمىن ھېسابلىغان كىشىمۇ دەججال پەيدا قىلغان

پىتتىنىگە ئەگىشىپ كىتىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى4319-ھەدىس، شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

ئاللاھ تائالادىن بىزنى ۋە بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنى دىندا مۇستەھكەم قىلىشىنى، ئاشكارا-يوشۇرۇن پىتنىلەردىن ساقلىشىنى سورايمىز.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

IslamHouse.com